# قەتئىي تەۋرەنمەي «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمیۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

زامانىۋى يېزا ئىگىلىك كەسپ سىستېمىسى، ئىشلەپچىقىرىش سىستېمىسى، تىجارەت سىستېمىسى ئورنىتىشنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ سانائەتنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېزلىتىپ، قوشۇلما قىممىتى ۋە ئۈنىۋېرسال ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك؛ زامانىۋى مۇلازىمەت كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مۇلازىمەت تەمىناتىنى كېڭەيتىپ، ئېھتىياج يوشۇرۇن كۈچىنى قويۇپ بېرىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، سىجىل تۈردە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش كېرەك. نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلاردىكى ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، ئەمەلىيلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ، ئېچىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى سىجىل يېتىلدۈرۈش كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش مۇھىم، زور پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، سىرتقا ئېچىۋېتىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىش ئارقىلىق يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «بەشتە بىر تۈركۈم» «ئۈچتە سالماقنى ئاشۇرۇش»نى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئاجىز ھالقىلارنى كۆزلەپ، ۋۇۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى كۆزىتىش- ئۆلچەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، كەسىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئورگانىك جىپسىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

بەشىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، دىنلار ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇمیۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى سىجىل، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىقات تەربىيەسى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى - تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك؛ پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، دىنىنى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، يېشىل تەرەققىياتتا چىڭ تۇرۇپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش كېرەك. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار - مۇزلۇقنىڭ ئۆزىمۇ بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى سىستېمىلىق تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئېكولوگىيەنى ئاسراش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مۇھىت تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى سىجىل ياخشى قىلىپ، يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتتىن ئىبارەت بۇ جان تومۇرنى ياخشى قوغداپ، ياخشىلاپ، تىرىشىپ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، ئادەمنى ئاساس قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاشقا كۈچەش كېرەك. خەلقنى مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، شەھەر - يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ تەكشى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ غەم قىلىدىغان ئىشلىرى، باش قاتۇرىدىغان ئىشلىرى، ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلىرىنى ھەقىقىي، ياخشى ھەل قىلىش كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاقچە ياڭرىتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىر كەمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، قىلچە بوشاشماي مۇقىملىقنى قوغداشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى تۇتۇش كېرەك؛ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى باشتىن - ئاخىر چىڭىتىپ، تىرىشىپ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك؛ ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا پۇختا تۈرتكە بولۇپ، جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىش كېرەك.

توققۇزىنچىدىن، قىلچە تەۋرەنمەي پارتىيەنىڭ ئومۇمیۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشتە تەۋرەنمەسلىك، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا تەۋرەنمەسلىك، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇلۇغۋار نىشانىدا چىڭ تۇرۇشتا تەۋرەنمەسلىك كېرەك؛ جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۆرەش قىلىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر ۋە ياخشى ئۇسۇل ئارقىلىق يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك؛ توغرا بولغان ھوقۇق قارىشى، سىياسىي نەتىجە قارىشى، كەسپ قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىشنى ئەڭ مۇھىم سىياسىي نەتىجە قىلىپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قەتئىي بوشاشماي قارشى تۇرۇپ ۋە ئۇنى تۈگىتىپ، ئىستىلنى توغرىلاش، ئىنتىزامنى چىڭىتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتا ئۇزاقچە چىڭ تۇرۇپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئېكولوگىيە ۋە نەتىجە يارىتىش مۇھىتىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

يىغىندا مەركەز 6 - كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس كۆزىتىشى بويىچە «قايتا قاراپ چىقىش» قايتما ئىنكاس پىكرىگە ئاساسەن تۈزىتىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۈكسەك ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، سىياسىي ئاڭلىقلىق، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى قەتئىي ياخشى تۇتۇپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، ئومۇمىي ھۇجۇم نىشانىنى چىڭ ئىگىلەپ، ۋۇۋىسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشتىكى ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈم ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە غەلىبە قىلىشقا پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئابىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

# چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا TIR خەلقئارا تاشيول ئېكسپورت ترانسپورتى ئۈرۈمچىدە قوزغىتىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

شىنجاڭ خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى گۇرۇھىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى جوۋ كەي مۇنداق دېدى: TIR خەلقئارا تاشيول ئېكسپورت ترانسپورتى ئەندىزىسى ئارقىلىق، يۈك ئاپتوموبىللىرىنىڭ تاشيول ئارقىلىق ئۈرۈمچىدىن يولغا چىقىپ، جۇڭگو - قازاقىستان چېگراسىدىكى ئالاتاۋ پورتىدىن ئۆتۈپ، گوللاندىيەنىڭ ئامستېردامغا يېتىپ بېرىشىغا ئاران ئون كۈن ئەتراپىدا ۋاقىت كېتىدۇ.

TIR سىستېمىسى بىردىنبىر يەرشارىۋى چېگرا ھالقىغان تاموژنىدىن يۈك ئۆتكۈزۈش سىستېمىسى بولۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ «TIR ئەھدىنامىسى» ئاساسىدا قۇرۇلغان، تاموژنىدىن ئۆتۈش تەرتىپىنى ئاددىيلاشتۇرۇش، تاموژنىدىن ئۆتۈش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق، كۆپ تەرەپلىك سودا ۋە خەلقئارا ترانسپورتنى قولايلاشتۇرۇش ۋە بىخەتەرلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىدۇ. دۆلىتىمىز 2016 - يىلى «TIR ئەھدىنامىسى»گە رەسمىي قاتناشقان. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خەلقئارا تاشيول ترانسپورت ئىتتىپاقى (IRU)غا پۈتۈن يەرشارى بويىچە TIR سىستېمىسىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى بەرگەن، TIR گۇۋاھنامىسى بولسىلا، تەستىقلانغان ئاپتوموبىللار TIRنى يولغا قويغان ھەرقايسى دۆلەتلەر ئارىسىدا تاموژنىدىن تېز، قولاي ئۆتەلەيدۇ.

# تىرىشىپ كۆرەش قىلىپ، ئومۇمیۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە ئورتاق قەدەم قويىمىز

(بېشى 1 - بەتتە)

كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، جاسارەت بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشانىنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، يۇقىرى - تۆۋەن بىر نىيەتتە بولۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، قول تۇتۇشۇپ گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇش يارىتىپ، ئومۇمیۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە ئورتاق قەدەم قويىمىز.

## جاسارەت بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، ئومۇمیۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىمىز

دېھقانچىلىقتىكى «يازنىڭ ئۈچ ئىشى»ئالدىراش مەزگىل بولغاچقا، پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ قىزىلسۇ يېزىسى يېڭىئېرىق كەنتىدىكى بۇغداي ئېتىزلىرىنىڭ ھەممىلا يېرىدە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئالدىراش سىماسىنى كۆرگىلى بولاتتى. بۇ پەسىلدىكى ئالدىراشلىق تۈگىسە، كەنت ئاھالىلىرى يەنە ئارقا - ئارقىدىن كەنت قۇرغان رەڭلىك خىش خۇمدىنى، كىيىم - كېچەك زاۋۇتى، نان يېقىش ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا قايتىپ كەسپ ئىشچىسى بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى تېخىمۇ كۆپ مەنبەلىشىپ، بىر يىلدىكى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە قىلىدىغان ئىشى بار بولدى، پۇل تاپالايدىغان بولدى.

«باش شۇجى مۇنداق تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىشتا ‹ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش›كە توغرىلىنىپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەر ۋە ئاجىز ھالقىلارنى نىشانلاپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، جاسارەت بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نىشانىنى قەرەلىدە ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق تۇرالغۇ ۋە شەھەر - يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتىنىڭ مۇشۇ كەنتتە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى ئۇۋياڭ لىنجياڭ مۇنداق دېدى: «بىز باش شۇجىنىڭ تەلىپى بويىچە، قىيىن ئۆتكەلنىڭ قىيىنىنى، قىيىننىڭ قىيىنىنى نىشانلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى يۇقىرى سۈپەتتە تاماملاپ، ئومۇمیۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قاراپ يۈرۈش قىلىمىز».

باش شۇجى شى جىنپىڭ: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، يۈكسەلدۈرۈپ، ھازىر بار بولغان سىياسەتلەرنىڭ ئومۇمىي جەھەتتىن مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، ئومۇمیۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. كەلپىن ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ياڭ تاۋ مۇنداق بىلدۈردى: بىز قەتئىي تۈردە «تۆتنى تاشلىماسلىق» تەلىپى بويىچە، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، كەنت، ئائىلە، ئادەمگە قاراپ تەدبىر قوللىنىپ، كەسىپنى گۈللەندۈرۈشنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، يۈكسەلدۈرۈش، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى ئۇللۇق خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى سىجىل، مۇقىم ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى تەدرىجىي ئورنىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئاساسىي رەڭ قىلىپ، يېزا - كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ گۈزەل يۈكمە رەسىمىنى سىزىپ چىقىمىز.

6 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، قاراقاش ناھىيەسىنىڭ سايباغ يېزىسى كامپا كەنتىدە، كەنت ئاھالىسى نۇرمەمەت ئەخەتۋاقى چوڭ پارنىكتا شياڭگۇ ئۈزۈۋاتاتتى. يىل بېشىدا، كەنت «ئىككى كومىتېت»ى كادىرلار بىلەن بىرلىكتە كەنت ئاھالىلىرىنى خېنەنگە بېرىپ شياڭگۇ تېرىقچىلىقىنى تەكشۈرۈپ كېلىشكە تەشكىللىگەنىدى. شياڭگۇدىن غايەت زور پايدا ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، نۇرمەمەتمۇ ئۆزى تېرىشنى قارار قىلدى. ھازىر، ئۇ 4500 يۈەنلىك شياڭگۇ ساتتى، ھەر پەسىلدە 8000 يۈەن كىرىم قىلالايدۇ دەپ ھېسابلىغاندا، ئۈچ پەسىلدە 24 مىڭ يۈەن كىرىم قىلالايدىكەن.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ: بەخت كۆرەش قىلىشتىن كەلگەن، دېدى، بۇ سۆزنى مەن ئېسىمدە چىڭ ساقلىۋالدىم. بۇنىڭدىن كېيىن مەن باش شۇجىنىڭ كۈتكىنىدەك داۋاملىق تىرىشىپ كۆرەش قىلىپ، ئىككى قولۇم بىلەن تېخىمۇ گۈزەل يېڭى تۇرمۇش يارىتىمەن» دېدى نۇرمەمەت تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

## تاپشۇرۇقنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرىمىز

باش ياز مەزگىلى، بۈرچىن ناھىيەسىنىڭ قۇستىق بازىرىدىكى 100 مو مېۋىلىك باغنىڭ مەسئۇلى يىن شيەنجۈن باغدىكى ياۋا ئوت - چۆپلەرنى ئوتاش بىلەن ئالدىراش ئىدى، باغدا شەرقىي شىمال نەشپۈتى، ئەينۇللار شېخىنى كۆتۈرەلمىگۈدەك مېۋىلىگەن بولۇپ، ساياھەتچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

«باش شۇجى شى جىنپىڭ: زامانىۋى خاس يېزا ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيەت ساياھەتچىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، جەزمەن خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. مەن بۇنى ئەستە چىڭ ساقلايمەن.» يىن شيەنجۈن مۇنداق دېدى: باغدا ھازىر يەتتە - سەككىز كەنت ئاھالىسى يىل بويى ئىشلەمچىلىك قىلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە - تېخىمۇ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشكە كۆپرەك كۈچ سەرپ قىلىپ، داۋاملىق تۈردە كەنت ئاھالىلىرىگە ئۈلگە كۆرسىتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى يېتەكلەپ ئىشلەپ، تېخىمۇ كۆپ دېھقانلارنى زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن نەپكە ئېرىشتۈرىمەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئۈرۈمچى ناھىيەسى «ھەممە كەنتكە تۇتىشىدىغان» ئاممىۋى قاتناش لىنىيەسى تەسىس قىلىپ، بىخەتەر سۇ ئىچىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش ۋە توك ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىش لىنىيەسىنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئاساسىي خەلق تۇرمۇشىنىڭ تۆۋەن چېكىنى مۇستەھكەم ساقلىدى.

ئۈرۈمچى ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جىن شىن مۇنداق بىلدۈردى: بىز خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئاممىنىڭ غەم قىلىدىغان ئىشلىرى، باش قاتۇرىدىغان ئىشلىرى، ئەندىشە قىلىدىغان ئىشلىرىنى ياخشى ھەل قىلىپ، خىزمەتنى ھەقىقىي تۈردە ئاممىنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىشلەيمىز.

باش شۇجى شى جىنپىڭ: جەمئىيەت ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىش ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. بۇ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تۇنجى تۈركۈمدىكى «فېڭچياۋچە جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىخانىسى»، ئۈرۈمچى شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى سايباغ رايونلۇق شۆبە ئىدارىسى خۇڭمياۋزى ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىخانا باشلىقى جاڭ پېڭغا مەسئۇلىيىتىنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى ھېس قىلدۇردى. «بىز خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، داۋاملىق تۈردە ‹فېڭچياۋ تەجرىبىسى›گە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، سەپەرۋەر قىلىش يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش شەكلىنى بېيىتىپ، ئاممىنىڭ يۇرت - ماكانىنى تېخىمۇ خاتىرجەم، ئىناق قىلىمىز» دېدى ئۇ.

## ئېتىقادنى چىڭىتىپ، ئۈزلۈكسىز جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيمىز

باش شۇجى شى جىنپىڭ: مۇستەھكەم غايە - ئېتىقاد مەڭگۈ بىزنىڭ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ غەلىبە قىلىشىمىزغا ئىلھام بېرىدىغان پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ مەنبەيىمىز، دەپ كۆرسەتتى. ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، رەئىس ئايىنۇر مەقسەت مۇنداق بىلدۈردى: غايە - ئېتىقاد كوممۇنىستلارنىڭ مەنىۋى «كالتسىي»سى، غايە - ئېتىقاد بولسىلا، پارتىيە ئىشلىرى چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

«ئاياللار بىرلەشمىسى تەشكىلاتلىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت ئاياللارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ‹ئاياللارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتى›نى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاياللارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئۆزگىچە ئەۋزەللىكى ۋە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئومۇمیۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش يولىدا بىرمۇ نامرات ئايالنىڭ سەپتىن چۈشۈپ قېلىشىغا قەتئىي يول قويمايمىز» دېدى ئۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ: كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ كۆرەش قىلىش روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. گۇچۇڭ ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ما شۇدۇڭ مۇنداق دېدى: گۇچۇڭ ناھىيەسىدىكى كەڭ كادىرلار، ئامما قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇمیۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

««خەلق ئۈچۈن بەخت يارىتىشنى ئەڭ مۇھىم سىياسىي نەتىجە قىلىپ، كادىرلارنى مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك.› باش شۇجى ئېنىق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىز جەزمەن قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز كېرەك.» بۆرۈلتوقاي ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى شۇ گۇاڭخۇا مۇنداق دېدى: بىز ئەمەلىي ئىشلەشنى قەدىرلەيدىغان، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشقا تۈرتكە بولىدىغان، غەيرەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرىدىغان توغرا يۆنىلىشلىك رىغبەتلەندۈرۈش سىستېمىسىنى ئورنىتىمىز، مۇكەممەللەشتۈرىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كادىرلارنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى سىجىل كۈچەيتىپ، باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك ئىستىل كاپالىتىگە ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

**(مۇخبىرىمىز لى ياڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار ۋاڭ يۈجاۋ، جاڭ جىلى، پەرىزات ئابدۇل، جاڭ تىڭ، يۈ شى، سۈي يۈنيەن، لياڭ لىخۇا، گې يۈۋجۈن، جاڭ يەنفاڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلار ئەن تاۋ، لى خۇيلىڭ)**